# ﴿تەقۋادارلىق ۋە ياخشىلىق﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئۇسامە ئىبنى ئابدۇللاھ خەييات

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

﴿البر والتقوى﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ أسامة بن عبد الله الخياط

ترجمة: سراج الدين عزيزي

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2010 - 1431

islamhouse.com

# تەقۋادارلىق ۋە ياخشىلىق

2010-يىلى 06- ئاينىڭ 18-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرھەدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا: "ئىنسانلار ياخشى ئىشلاردا ئۆز - ئارا ھەمكارلىشىش چەكلەنگەن ئىشلاردا ھەمكارلاشماسلىق ئىسلامنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئي مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىپ، ھاياتلىق دۇنياسىدا ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگەشمەستىن دىنى پرىنسىپتا مۇستەھكەم تۇرىدىكەن ياخشىلىق ئۈستىدە بولغان بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ كىتابىدا بىرلا ئايەت بەندىلەرنىڭ دۇنيالىق تۇرمۇشى ۋ ە ئاخىرىتىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەنپەئەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بەلكى ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارى ۋ ە ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئورتاق مەنپەئەتلەرنىڭ مىزانىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەنالىرىنى ياخشى چۈشىنىش، روھىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، ئاللاھ نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر».[سۈرە مائىدە 2-ئايەتنىڭ بىر قىسمى] .

سۈرە مائىدەدىكى بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەردە ياخشىلىققا ھەمكارلىشىش،يامانلىق، زوراۋانلىققا ھەمكارلاشماسلىق، ئاللاھتىن قورقۇش، ۋاقتى كەلگەندە ئاللاھنىڭ ئازابى قاقشاتقۇچ بولىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن.

ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي مۇنداق دەيدۇ: " ھەرقانداق بىر ئىنسان تۆۋەندىكىدەك ئىككى مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. 1- ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىدىكى مەسئۇلىيەت . 2- ئۆزى بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىدىكى مەسئۇلىيەت.

ئىنسان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە پۈتۈن ئالاقىلار ھەمكارلىق، دوستلۇق ئۈستىگە قورۇلغان بولىشى، مەزكۇر ھەمكارلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقى، ئىتائىتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا بولىشى لازىم . بۇ بولسا بەندىنىڭ سائادىتى ۋە نىجاتلىقىنىڭ غايىسىدۇر. ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق دىنىنىڭ ئومۇمىي شەكلىدۇر. ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى ئىنسانلارغا دۇنيا-ئاخىرەتلىك پايدا-مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولۇپ، ياخشىلىق كەلىمىسى پۈتۈن ياخشىلىق ۋە پەزىلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر. يامانلىق، ياكى گۇناھ كەلىمىسى بولسا، ئىنسانلاردا تېپىلىدىغان ئەخلاقسىزلىق ۋە رەزىللىكنى، ئەيىب-نۇقسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزدۇر.

ياخشىلىق سۆزىنىڭ كاتېگورىيىسىگە ئىمان ۋە ئۇنىڭ بارلىق تۈرلىرى كىرىدۇ. تەقۋادارلىق بولسا، ئەنە شۇ ئىمانىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ياخشىلىقنى ئىپادىلەيدىغان، ئۇنى ھېس قىلىدىغان ئورۇن ئاساسەن يۈرەك بولۇپ، ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى ئىنساننىڭ قەلبى ھېس قىلىدۇ. قەلبنىڭ راھىتى ۋ ە خۇشاللىقى ئىماندا تېپىلىدۇ. كىمكى ياخشى ئىشلاردىن روھىي لەززەت ۋە خۇشاللىق ھېس قىلمايدىكەن ئىمان ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر . بۇ تۆردىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئاللاھ تائالا ياخشىلىق ئىبارىسىگە مۇجەسسەملەشكەن بارلىق خىسلەتلەرنى تۆۋەندىكى ئايەتكە يىغىنچاقلىغاندۇر:

« سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۇرۇشۇڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھ نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل- مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل- مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش،

يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر ». [ سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت ].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن ياخشىلىقنىڭ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئىمان مۇكەممەل بولمايدۇ. ئىماننىڭ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىبادەتلەر: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىماننىڭ قەلبكە ئالاقىلىق تەرەپلىرى، سەۋرچانلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق دېگەندەك ئىشلاردۇر.

تەقۋادارلىقنىڭ ھەقىقىتى بولسا، ئاللاھتىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىش بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇش، توسقانلىرىدىن سەممىيەت بىلەن قول ئۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەرقانداق بىر ئەمەلنىڭ پرىنسىپ ۋە غايىسى بولىدۇ. مەنبىيى ئىمان بولمىغان ئەمەل ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. ئۆرپ-ئادەت، ھاۋايى ـ ھەۋەس، مەنسەپ ـ ئابرۇي، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلارنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەمەللەر ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. ھەرقانداق ئەمەلنىڭ غايىسى قۇرئان-سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولىدىكەن، ئۇ ئىبادەتتۇر. ئەجىر ۋ ە ساۋاپقا لايىقتۇر.

يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىش پىرىنسىپى بويىچە بولىدىكەن، ھەربىر مۇسۇلمان مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ياردەم قولىنى سۇنالايدىكەن ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىقنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولىدۇ. ئىنسان ئۆزى يالغۇز ھەممە ئىشنى بىلىپ، قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن بارلىق ئىنسانىيەتنى بىر-بىرىگە مۇھتاج قىلىپ قويغان. ئەمما شۇ مۇھتاجلىقتا ھەمكارلىق پىرىنسىپى ئورناتقان، ئۇ پىرىنسىپ بولسا، ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىش، رەزىللىككە ھەمكارلاشماسلىق پىرىنسىپىدۇر.

ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىش، رەزىللىككە ھەمكارلاشماسلىق پىرىنسىپىنى ئاتا-ئانىلار ئائىلە تەربىيىسىدە ئەۋلادلارغا كىچىكىدىن تارتىپ سىڭدۈرۈش ۋە پۇختا

ئۆگىتىشى كېرەك. پەرزەنتلەر قايسى ئۇسۇلدا تەربىيىلەنسە شۇ بويىچە چوڭ بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن ئەۋلادلىرىمىز، ياخشىلىق نېمە؟، يامانلىق نېمە؟ دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان روھ بىلەن تەربىيىلىنىشى كېرەك.

(دېمەك؛ ئەۋلادلارنى ساغلام ئەقىدە بىلەن تەربىيەلەش، ئۇلارنىڭ كېلىچەك ھاياتىغا مۇستەھكەم ئۇل ھازىرلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ روھانىيىتىنى غىزالاندۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ جىسمىنى غىزالاندۇرۇشتىن بەكراق ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا مىللەتنىڭ كېلىچەك ئىستىقبالىدىن ئېغىز ئىچىش، جەڭگىۋار ئوت يۈرەك ئوغلانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، نەتىجىدە جەمئىيەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ ئاللاھ رازى بولىدىغان بىر جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى رېئاللىققا ئەڭ يېقىندۇر-مۇھەررىر-).

ئاللاھ تائالا بارچىمىزنى ياخشىلىققا ھەمكارلىشىدىغان، يامانلىق، تاجاۋۇزغا قارشى تۇرىدىغان تەقۋادار مۆمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن ...